بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَٰنِ الرَّحِيمِ


# ئىسلام ئاۋازى
45- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِمَنْ فِي أَيْدِيكُمْ مِنَ الْأَسْرَى إِنْ يَعْلَمِ اللَّهُ فِي قُلُوبِكُمْ خَيْرًا يُؤْتِكُمْ خَيْرًا مِمَّا أُخِذَ مِنْكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۝ وَإِنْ يُرِيدُوا خِيَانَتَكَ فَقَدْ خَانُوا اللَّهَ مِنْ قَبْلُ فَأَمْكَنَ مِنْهُمْ وَاللَّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ۝﴾.

## ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى: <ئەگەر الله دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، الله ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر> [70]. (ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشۇ ئەسىرلەر ئىماننى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار (كۇفرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) الله قا خىيانەت قىلغان ئىدى، الله سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. الله (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر [71]» (سۈرە ئەنفال 70- ۋە 71- ئايەت).

## ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: ئەمدى الله تعالى ئەسىرگە چۈشكەن كاپىرلارغا بىر خىل سېزىم بېغىشلايدۇ. بۇ سېزىم ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ئۈمىد ۋە ئارزۇ نۇرىنى تارقىتىپ، بۇ قەلبلەرنى ئۆتمۈشتىنمۇ ئەۋزەل بولغان كەلگۈسىگە، ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېسىلراق بىر ھاياتقا ھەمدە يوقاتقان مال-دۇنيا ۋە دىيارلىرىدىنمۇ چوڭراق بىر پايدىغا تەلپۈندۈرىدۇ، ھەتتا بۇ قەلبلەرنى ئەڭ ئاخىرىدا الله نىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىنى سېغىنىدىغان قىلىدۇ.

«ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى: <ئەگەر الله دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، الله ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر>».

مانا بۇ ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى — ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنىڭ ئىسلاھ بولۇپ ئىمان نۇرىغا ئېچىلغاندىن كېيىن الله تعالى نىڭ شۇ قەلبلەردە ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى مەلۇم قىلىشىغا باغلىقتۇر. بۇ يەردىكى ياخشىلىق دېگىنىمىز — دەل ئىماننىڭ ئۆزى بولۇپ، بۇ ئىمان ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشقا مۇھتاج ئەمەس. «ياخشىلىق» دېگەندە، ساپ ياخشىلىق كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئىماننى مەنبە ۋە ئاساس قىلمىغان ياخشىلىق «ياخشىلىق» دەپ ئاتالمايدۇ.

ھەقىقەتەن ئىسلامنىڭ ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي قالدۇرۇپ قويۇشتىكى مەقسىتى — خۇددى رۇم ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىشغالىيەتلىرى مەقسەت قىلغاندەك، ئۇلارنى خارلاپ ئىنتىقام ئېلىۋېلىش ۋە ئىزىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىۋېلىش ئۈچۈن بولماستىن بەلكى پەقەت ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ياخشىلىق، ئۈمىد ۋە ئاقكۆڭۈللۈك يوشۇرۇنغان جايلارغا ئىللىق سېزىم پەيدا قىلىش شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پىترىتى (يەنى يارىلىش خاراكتېرى) دە ھىدايەتنى كۈتۈۋېلىش، قوبۇل قىلىش ۋە ھىدايەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش تۇيغۇسىنى ئويغىتىشتۇر.

ئىمام زۆھرى بىر بۆلەك كىشىلەردىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: [قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرلىرىنى فىدىيە بېرىپ قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. قۇرەيشتىن ھەربىر جەمەت ئۆزلىرىنىڭ ئەسىرلىرىنى مۇسۇلمانلار رازى بولغان مىقداردىكى مالنى فىدىيە بېرىپ قۇتقۇلدۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسى ئاببباس: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن مۇسۇلمان ئىدىم» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «سېنىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلىكىڭنى الله ئۆزى بىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك (مۇسۇلمان) بولساڭ، ئۇنداقتا الله ساڭا ئۆزى مۇكاپات بېرىدۇ ئەمما سەن بىزگە زاھىر بولغان رېئاللىقتا بىزگە قارشى كاپىرلارنىڭ سېپىدە بولدۇڭ شۇڭا ئۆزۈڭنى، قېرىنداشىڭنىڭ ئىككى ئوغلى نەۋفەل ئىبنى ھارىس ۋە ئۇقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ھەمدە سېنىڭ ئىتتىپاقداشىڭنىڭ (يەنى قەسەمداشىڭنىڭ) ئۇتبە ئىبنى ئەمىر قاتارلىقلارنى بىزگە فىدىيە (يەنى تۆلەم) تۆلەش ئارقىلىق قۇتقۇلدۇرۇۋالغىن» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى، ئاببباس رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «مەندە ئۇنداق مال يوق ئى رەسۇلۇللاھ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇممۇ فەزل بىلەن ئىككىڭلار كۆمۈپ قويغان مال قەيەردە؟ سەن ئۇممۇ فەزلگە: <ئەگەر بۇ سەپىرىمدە ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ كۆمۈپ قويغان مالنى ئوغۇللىرىم فەزل، ئابدۇللاھ ۋە قۇسەملەرگە قالسۇن دېدىڭغۇ؟> دېگەندە، ئۇ: «الله بىلەن قەسەم! ئى رەسۇلۇللاھ، ھەقىقەتەن مەن سېنىڭ الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭنى شەكسىز بىلىۋاتىمەن چۈنكى بۇ ئىشنى مەن ۋە ئاپالىم ئۇممۇ فەزلدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى شۇڭا ئى رەسۇلۇللاھ، قولۇڭلاردىكى ئەسىر ئۈچۈن مەندىن 20 ئۇقىيە (يەنى تەخمىنەن 340 گىرام ئالتۇن) مال ئالغىن» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «بۇ — الله تعالى سەندىن ئېلىپ بىزگە ئاتا قىلغان مالدۇر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاببباس ئۆزىنى، قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى ۋە ئىتتىپاقداشىنى تۆلەم بېرىپ قۇتقۇلدۇردى. الله تعالى بۇ ھەقتە: «ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى: <ئەگەر الله دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، الله ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزۈڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيەدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ. الله (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر>» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى].

ئاببباس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «الله تعالى ماڭا ئىسلامدىكى شۇ 20 ئۇقىيە مالنىڭ ئورنىغا 20 قۇل ئاتا قىلدى. ھەر بىر قۇلنىڭ قولىدا ئۆزىنىڭ باھاسىغا تەڭ كەلگۈدەك مال بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەن ئارزۇ قىلىدىغان الله نىڭ مەغپىرىتىمۇ بار ئىدى...»

الله تعالى ئەسىرلەر ئۈچۈن مېھرىبانلىق بىلەن نۇرلۇق بولغان ئۈمىد دېرىزىسىنى ئېچىپ بەرگەن شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خۇددى ئىلگىرى خىيانەت قىلغاندەك يەنە خىيانەت قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار (يەنى مۇشۇ ئەسىرلەر ئىماننى دەۋا قىلىش ئارقىلىق) ساڭا خىيانەت قىلماقچى بولغان بولسا، ئۇنداقتا ئىلگىرى ئۇلار (كۇفرى بىلەن، ئەھدىنى بۇزۇش بىلەن) الله قا خىيانەت قىلغان ئىدى، الله سېنى ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غالىب قىلدى. الله (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر...».

ھەقىقەتەن ئۇلار الله قا خىيانەت قىلىپ باشقىلارنى الله قا شېرىك قىلدى ۋە الله قا يەككە-يېگانە ئىلاھ سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشمىدى. ھالبۇكى، الله تعالى ئۇلارنىڭ پىترىتى (يەنى يارىلىش تەبىئىتى)دىن ئەھدى مىساق ئالغان ئىدى، ئۇلار الله نىڭ بۇ ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىشتى. ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا ئەسىر تۇرۇقلۇق رەسۇلۇللاھ ﷺ گە خىيانەت قىلىشنى ئويلايدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان تۇنجى خىيانىتىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئەسلىسۇن. الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى ۋە ئۇلارغا ئازاب چۈشۈرۈشتە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زاتتۇر.

الله (بولغۇسى ھەممە ئىشنى) بىلگۈچى، ئۆز ھېكمىتى بويىچە ئىش قىلغۇچىدۇر...

## ئايەتتىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسى ئاببباس رضي الله عنه نىڭ خاس پەزىلىتىنىڭ بارلىقى چۈنكى يۇقىرىقى ئايەت ئۇ كىشى ھەققىدە نازىل بولغان.

ئىككىنچى، ياخشىلىقنى ۋە ياخشى نىيەتلەرنى يوشۇرۇن تۇتۇشنىڭ ئەۋزەللىكى.

ئۈچىنچى، ئىسلام ۋە قۇرئانغا «خەير» (يەنى ياخشىلىقتۇر) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

تۆتىنچى، بەندە الله رىزالىقى ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى تەرك ئەتسە، الله نىڭ ئۇ بەندىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراقىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى.

بەشىنچى، ھېچكىمنىڭ الله نى مەغلۇپ قىلالمايدىغانلىقى ۋە الله نىڭ ئىلكىدىن قاچالمايدىغانلىقى شۇڭا بەندىنىڭ الله تىن قورقۇشى ۋە الله قىلا تەۋەككۇل قىلىشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكى.

ئالتىنچى، قانداق بىر مۇسۇلمان مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتا كاپىرلارنىڭ ئۇرۇش سېپىدە ئىختىيارى تۇرغان بولسا مۇرتەد ھېسابلىنىدىغانلىقى (مۇسۇلمانلارغا ئوق ئاتقان بولسىغۇ تېخىمۇ مۇرتەد بولىدۇ، ناۋادا ئوق ئاتماي جىم تۇرسىمۇ يەنىلا مۇرتەد ھېسابلىنىۋېرىدۇ). ئەگەر ئۇ شۇ ئۇرۇش سېپىگە مەجبۇرى تۇتۇپ ئېلىپ كېلىنگەن بولسا ۋە مۇسۇلمانلارغا مەجبۇرى ھالدا ئوق چىقارغان بولسا كاپىر بولماستىن ئېغىر گۇناھكار بولىدىغانلىقى لېكىن مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشسە، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا ئۇنىڭغا كاپىر ئەسىرلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقى. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ مەجبۇرلانغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئەسىرگە چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئۇ ئۆزى مۇسۇلمانلارغا ئوق چىقارغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارمۇ كاپىرلارغا ئوق ئاتقاندەك ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئاتسا دۇرۇس بولۇۋېرىدىغانلىقى. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان كاپىرلارنىڭ سېپىگە مەجبۇرى ئېلىپ چىقىلىپ ئوق ئاتماي جىم تۇرغان بولسا ياكى ئوقنى مۇسۇلمانلارغا تەگمەيدىغان تەرەپلەرگە ئاتقان بولسا مۇسۇلمانلار تەرەپكە ھىجرەت قىلىپ ئۆتۈۋېلىشقا قادىر بولالماسلىق شەرتى بىلەن كاپىرمۇ بولمايدىغانلىقى، گۇناھكارمۇ بولمايدىغانلىقى ئەمما ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق كۇفرىنىڭ ئۇرۇش سېپىدە مەجبۇرى ئېلىپ چىقىلغان بولسا ئېغىر گۇناھكار بولىدىغانلىقى. ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان ھىجرەت قىلىشقا قادىر بولسۇن ياكى قادىر بولمىسۇن كۇفرىنىڭ ئۇرۇش سېپىگە مەجبۇرى ئېلىپ كېلىنگەن بولسا، مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئوق ئاتمىغان بولسا ۋە ئۇنىڭ مەجبۇرلىنىپ چىققانلىقىنى مۇسۇلمانلار بىلسە، ئۇ كىشى مۇسۇلمانغا ئوق چىقىرىشتىن كۈچىنىڭ يېتىشىچە ساقلىنىشى كېرەكلىكى ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ كاپىرلارغا قارىتا جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشى زۆرۈر بولۇپ قالغاندا شۇ مەجبۇرى چىققان مۇسۇلماننى ئېتىشنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت كاپىرلارنى ئېتىشنى مەقسەت قىلىپ ئوق ئاتسا، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئوق شۇ مۇسۇلمانغا تېگىپ كەتكەن بولسا ھېچ گۇناھ بولمايدىغانلىقى. ئەگەر بۇ مۇسۇلمان ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن مۇسۇلمان تەرەپكە ئوق ئاتمىغانلىقى ۋە ھىجرەتكە قادىر بولالمىغانلىقى ئىسپاتلانسا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى. ئەگەر ھىجرەتكە قادىر ئىكەنلىكى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئوق ئاتمىغانلىقى ئىسپاتلانسا بۇ چاغدا شەرئىي مەھكىمە ئۇ كىشىگە ئەڭ پايدىلىق ئۇسلۇبتا تەئزىر (يەنى مەمۇرىي جازا) بېرىدىغانلىقى ئەمما ئۇ ھىجرەتكە قادىر بولسۇن ياكى قادىر بولمىسۇن مەجبۇرى ھالدا مۇسۇلمانلار تەرەپكە ئوق ئاتقانلىقى ئىسپاتلانغان بولسا شەرئىي مەھكىمە ئۇ مەجبۇرلانغۇچى ئۈستىدىن شۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار تەرەپتىن مۇسىبەت بولغان ياكى بولمىغانلىقىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدىغانلىقى لېكىن بۇ كىشى ئاخىرەتلىك ھۆكۈمدە ئېغىر گۇناھكار بولۇۋېرىدىغانلىقى چۈنكى مۇسۇلمان ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلماننىڭ بەدىنىگە زىيانكەشلىك قىلىشقا مەجبۇرلانسا بۇ مەجبۇرلىنىش ئۇ مەجبۇرلانغۇچىدىن گۇناھنى ساقىت قىلالمايدۇ. گۇناھنى ساقىت قىلىدىغان مەجبۇرلىنىش بولسا شۇ مەجبۇرلانغۇچى مۇسۇلماندىن باشقا مۇسۇلمانغا زىيىنى ئۆتمەيدىغان گۇناھلاردا بولىدۇ. مەسىلەن، مۇسۇلمان كىشى كاپىرلارنىڭ قولىدىكى ھالەتتە، ئۇ كاپىرلار شۇ مۇسۇلمانغا: «كۇفرى سۆزنى سۆزلىيەسەن ياكى كۇفرى ئىشنى قىلىسەن ۋە ياكى ھاراق ئىچىسەن، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ سېنى مۇنداق-مۇنداق... ۋاھاكازا چىدىغۇسىز ئازابلار بىلەن ئازابلايمەن» دېسە، ئۇ مۇسۇلمان ئۇ ئىشنى قىلىش بىلەن گۇناھكار بولمايدۇ چۈنكى بۇ گۇناھلار شۇ مەجبۇرلانغۇچى مۇسۇلماندىن باشقا مۇسۇلمانغا تەسىرى ياكى زىيىنى بولمىغان گۇناھلاردۇر.

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

الله پۈتۈن مەۋجۇداتقا مىقدار ۋە ئۆلچەملەرنى بېكىتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى الله نىڭ ئىلمى بويىچە ۋە الله نىڭ ھېكمىتى تەقەززا قىلغىنىدەك يۈز بېرىدۇ.

الله بەندىلەرنى يارىتىشتىن بۇرۇنلا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتى. الله بەندىلەرنىڭ رىزىقلىرى، ئەجەللىرى، ئەمەللىرى، ئاخىرەتتە بەختلىك ياكى بەختسىز بولۇشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلىرىنى ئەزەلدىن بىلگەن بولۇپ، شۇ بىلگىنىنى يېزىپ قويغان شۇڭا ھەر بىر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشى الله نىڭ ئىلمى، قۇدرىتى ۋە ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ (يەنى تەقدىر دېگەنلىك — بەندىنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى الله نىڭ بىلىشى، كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشى ۋە خالىشى بىلەن قىلىشى دېگەنلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ بەندىنىڭ شۇ ئىشنى ئۆز ئىختىيارىسىز، مەجبۇرىي ھالدا قىلىشى دېگەنلىك ئەمەس).

خۇلاسە شۇكى، تەقدىر دېگەن — ئەبەدىي يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى الله نىڭ ئەزەلدىن بىلىشى ۋە قەلەمنىڭ ئۇنى يېزىپ قويۇشى دېگەنلىكتۇر شۇڭا تەقدىر مەسىلىسىدە الله

(ئاخىرى 2- بەتتە)








■ 4- ئاينىڭ 13- كۈنى رۇسىيە ئارمىيىسىنىڭ KA-29 تىپلىق ئەسكىرىي ئايروپىلانى رۇسىيىنىڭ بالتىق دېڭىزىغا چۈشۈپ كېتىپ، ئايروپىلان ئىچىدىكى 2 نەپەر لېيىتچىك ئۆلگەن.

■ 4- ئاينىڭ 14- كۈنى ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر سۈرىيىدىكى بەششار ئەسەد ھۆكۈمىتى ۋە ئىران ئارمىيىسى تۇرۇشلۇق مۇھىم نۇقتىلارنى ھاۋادىن ۋە يەر يۈزىدىن باشقۇرۇلىدىغان سىنارەدلەر بىلەن 105 قېتىم نىشانغا ئېلىپ بومباردىمان قىلغان. بۇ قېتىملىق ئېلىپ بېرىلغان ھەربىي ھەرىكەتتىن ئالدىن خەۋەردار قىلىنغان رۇسىيە ئارمىيىسى تولۇق مۇداپىئەلەنگەن بولغاچقا كۆپ زىيانغا ئۇچرىمىغان.

■ 4- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستاننىڭ سەرپول ۋىلايىتىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي مەسئۇلى قول ئاستىدىكى 20 نەپەر ئەسكىرى بىلەن مۇجاھىدلار سېپىگە قېتىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 16- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىرات ۋىلايىتىنىڭ شىنىدىك رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر ئەسكىرىي مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ، 20 نەپەر مۇرتەد ئارمىيە ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە 8 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ھەمدە بۇ مەركەزنى مۇكەممەل فەتھ قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 16- كۈنى فرانسىيىنىڭ تۇلۇز شەھىرىدە ھىجابلانغان بىر نەپەر ھەمشىرىمىز ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنغان سەۋەبلىك شۇ يەردىكى ياشلار نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ساقچىلارغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزگەن. بۇ نامايىش تاكى ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

■ 4- ئاينىڭ 17- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىدىكى قامھەنە يېزىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ ئوق-دورا ئىسكىلاتىنى پارتلىتىپ ۋەيران قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 19- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى روزگان ۋىلايىتىنىڭ تىرىنكوت شەھىرىدە مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 17 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 22- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ بەششار ئەسەد كونتروللۇقىدىكى قابھە يېزىسىغا مەخپىي ھالەتتە كىرىپ، خالىد فۆۋزى ئىسىملىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ئۆيىدە يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆي ئىچىدىكى مۇھىم دوكلات ۋە ماتېرىياللارنى ئېلىۋېلىپ ئۆيىنى پارتلىتىۋەتكەن.

■ 4- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ ھىلمەند ۋىلايىتىنىڭ جەرشىك رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 13 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 1 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 23- كۈنى شىمالىي كورىيىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قاتناش ۋەقەسىدە 32 نەپەر خىتاي ساياھەتچى ۋە 4 نەپەر شىمالىي كورىيە پۇقراسى بولۇپ جەمئىي 36 نەپەر ئادەم ئۆلگەن.

■ 4- ئاينىڭ 23- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتىنىڭ قادىس رايونىدا مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 11 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 11 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان ۋە 3 دانە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان.

■ 4- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتىدىكى جەڭلەر نەتىجىسىدە ئەسكىرىي بازىدىن بىرنى، بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىدىن 6 نى فەتھ قىلغان ۋە 4 دانە ئەسكىرىي ماشىنا بىلەن نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىمەت ئالغان.

■ 4- ئاينىڭ 24- كۈنى خىتاينىڭ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جىڭيۈەن رايونىغا قاراشلىق يىڭدې شەھرىدىكى بىر كېچىلىك كۇلۇبتا ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 18 نەپەر خىتاي ئۆلۈپ، 5 نەپىرى يارىلانغان.

■ 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى 2 نەپەر ھىزبۇششەيتان ئەسكىرىگە ئەسىرلىكتىكى 3 نەپەر مۇجاھىد قېرىندىشىمىزنى ئالماشتۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بۇ يىللىق باھار ئەمەلىيىتىنى باشلىغان ۋە بۇ ئەمەلىيەتنىڭ ئىسمىنى «خەندەك» دەپ ئاتىغان.

■ 4- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاندىكى باغرام ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا قارىتا چوڭ كۆلەملىك توپ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان.

■ 4- ئاينىڭ 26- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ بەلخ ۋىلايىتىنىڭ جاربۇلىك رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ 30 نەپەر ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 4- ئاينىڭ 26- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبېلى سەفلا ۋىلايىتىنىڭ ئەيلىرىقۇ رايونىدا تاجاۋۇزچى ئۇگاندا قوشۇنلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 5 نەپەر ئۇگاندا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 4- ئاينىڭ 26- كۈنى شام مۇجاھىدلىرى سۈرىيىنىڭ ھاما ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر قىسىم رايونلارغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ ھاماميات يېزىسىنى فەتھ قىلغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

| سۆزلۈكلەر | | جۈملىلەر | |
|---|---|---|---|
| خَرَجَ | چىقتى | خَرَجَ مِنَ الْبَيْتِ فِي السَّاعَةِ الْعَاشِرَةِ | ئۇ سائەت 10 دا ئۆيىدىن چىقتى |
| دَخَلَ | كىردى | دَخَلَ أَبِي الْبَيْتَ وَقْتَ الْفَجْرِ | دادام بامدات ۋاقتىدا ئۆيگە كىردى |
| جَلَسَ | ئولتۇردى | دَخَلَ الْمُدَرِّسُ الْفَصْلَ فَجَلَسَ بِجَنْبِي | مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇردى |
| رَقَدَ | ئۇخلىدى | نَامَ أَخِي مِنْ وَقْتِ الظُّهْرِ إِلَى وَقْتِ الْعَصْرِ | ئاكام پېشىن ۋاقتىدىن ئەسىر ۋاقتىغىچە ئۇخلىدى |
| نَظَرَ | قارىدى | صَعِدَ الْمُؤَذِّنُ الْمَنَارَةَ فَنَظَرَ إِلَى الْقَمَرِ | مۇئەززىن مۇنارغا چىقىپ ئايغا قارىدى |
| تَرَكَ | تاشلىدى | تَرْكُ الصَّلَاةِ كُفْرٌ | نامازنى تاشلاش — كۇپۇرلۇقتۇر |
| شَتَمَ | تىللىدى | مَا شَتَمَ أَحَدًا | ئۇ ھېچكىمنى تىللىمىدى |
| ضَرَبَ | ئۇردى | ضَرَبَ أَبِي أَخِي | دادام ئۇكامنى ئۇردى |
| دَرَسَ | دەرس ئالدى | دَرَسَ كِتَابَ الْعَقِيدَةِ | ئۇ ئەقىدە كىتابىدىن دەرس ئالدى |
| وَقْتٌ | ۋاقىت | لَمْ يَكْفِ وَقْتُ دَرْسِ الرِّيَاضَةِ | تەنتەربىيە دەرسىنىڭ ۋاقتى قىسقا بولۇپ قاپتۇ |
| صَلَاةٌ | ناماز | لَا تَتْرُكْ صَلَاةً | سەن بىرەر نامازنىمۇ تەرك ئەتمىگىن |
| صَلَاةُ الْفَجْرِ | بامدات نامىزى | بَعْدَ صَلَاةِ الْفَجْرِ حَلْقَةُ الْقُرْآنِ | بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇرئان ھەلقىسى بار |

## ئۆجمىنىڭ شىپالىق رولى

ئۆجمە ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرىلا پادىشاھلار ئىشلىتىدىغان قۇۋۋەت تولۇقلاش بۇيۇمى قىلىنغان. ئۆجمىدىكى بۇ قۇۋۋەت تولۇقلاش — ئۆجمىنى ئالاھىدە ئۆسۈش ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان شۇڭا ئۆجمە خەلق ئارىسىدا «خاسىيەتلىك مېۋە» دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۆجمىنىڭ كۆپ خىل رولى بولغانلىقتىن تېبابەت ساھەسىدىكىلەر تەرىپىدىن «21- ئەسىردىكى ئەڭ ياخشى ساقلىق ساقلاش مېۋىسى» دەپ قارالماقتا.

ئۆجمە تەركىبىدە كۆپ خىل ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار. ئۆجمىنىڭ تېرىنىڭ (جۈملىدىن باش تېرىسىنىڭ) قان بىلەن تەمىنلىنىشىنى ياخشىلاش، تېرىنى ئوزۇقلاندۇرۇش، تېرىنى ئاقارتىش ۋە چاچنى قارايتىش ھەمدە قېرىشنى كېچىكتۈرۈش قاتارلىق رولى بار (إن شاء الله).

ئۆجمە — ئىممۇنىتېتنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا ئىگە. تالغا نىسبەتەنمۇ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش رولى بار. ئارتېرىيە قېتىشىش، سۆڭەك بوغۇملىرى قاتتىقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ماددا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (إن شاء الله).

ئۆجمە — قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئازىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ — دىئابېت كېسەللى، قان ئازلىق، يۇقىرى قان بېسىم، قاندا ياغ كۆپىيىش، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياردەمچى رولغا ئىگە (إن شاء الله).

ئۆجمە — خىلىت پەيدا قىلىپ، ئۇسسۇزلۇقنى بېسىش، ھەزىم قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەتنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياردەم بېرىش رولىغا ئىگە.

ئۆجمىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە ئاشقازان سۈيۈقلۇقىنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئۈچەينىڭ لۆمۈلدىشىنى غىدىقلايدۇ ۋە قورۇق ئىسسىقنى يوقىتىدۇ (إن شاء الله).

ئۆجمە — جىگەر ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، چاچنى قارايتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش قاتارلىق رولارغا ئىگە.

ئۆجمە — قارا ئۆجمە ۋە ئاق ئۆجمە دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ھۆل پېتى ئىستېمال قىلىشتا بىنەپشە قارا رەڭدىكىسى ياخشى ھېسابلىنىدۇ. ئۆجمە — ئاياللار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ۋە كۆزنى زىيادە كۆپ ئىشلىتىدىغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۆجمە تەركىبىدە شېكەر مىقدارى يۇقىرى بولغاچقا، دىئابېت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ئۆجمە ئىستېمال قىلىشتىن پەرھىز تۇتۇشى لازىم.

ياش-ئۆسمۈرلەر ئۆجمىنى كۆپ ئىستېمال قىلماسلىقى لازىم چۈنكى ئۆجمە تەركىبىدە بىر قەدەر كۆپ مىقداردا ترىپسىننى تورمۇزلىغۇچى ماددا — تاننىك كىسلاتا بار بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىنىڭ تۆمۈر، كالتسىي، سىنك قاتارلىق ماددىلارنى شۈمۈرۈشىنى تەسىرگە ئۇچرىتىدۇ. ئۆجمە تەركىبىدە قان ئېرىتكۈچى سېزىمچان ماددىلار ۋە گىئالورونىك كىسلاتا بولىدۇ. كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئاسانلا قان ئېرىشچان ئۈچەي ياللۇغىنى پەيدا قىلىدۇ.

پىشمىغان ئۆجمىنى يېيىشكە بولمايدۇ. ئۆجمە ھالۋىسى تەييارلاشتا تۆمۈر قازان-قومۇچ ئىشلەتمەسلىك كېرەك. تىلى زەئىپلەشكەنلەر، چوڭ تەرىتى سۇيۇق كېلىدىغانلار ئۆجمە يېمەسلىكى لازىم.




تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

1. تېشىدا قاتتىق چاپان، ئىچىدە قىزىل مارجان. ئۇ نېمە؟
2. تۆت قۇلاقلىق ئاسمانغا قاراپ تۇرار، ھەممە كىشى ئاڭا قاراپ تۇرار. ئۇ نېمە؟
3. كېچىسى قول بولۇر، ئەتىسى بەگ بولۇر. ئۇ نېمە؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. پىياز.
2. تۇخۇم.
3. بىر يىل، ئون ئىككى ئاي، ئوتتۇز كۈن ۋە كېچە-كۈندۈز.



## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تىببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته

(بېشى 1- بەتتە)

قا تەلتۆكۈس، مۇتلەق بويسۇنۇش لازىمدۇر چۈنكى تەقدىر بولسا غەيب ئىش بولۇپ، ئۇ مۇتلەق تەسلىم بولۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەقىدىدۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَا كَانَ عَلَى النَّبِيِّ مِنْ حَرَجٍ فِيمَا فَرَضَ اللَّهُ لَهُ سُنَّةَ اللَّهِ فِي الَّذِينَ خَلَوْا مِنْ قَبْلُ وَكَانَ أَمْرُ اللَّهِ قَدَرًا مَقْدُورًا﴾ «الله پەيغەمبەرگە ھالال قىلغان ئىشتا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. (بۇ) الله نىڭ ئۆتكەنكى (پەيغەمبەرلەرگە) تۇتقان يولىدۇر. الله نىڭ ئەمرى ئەزەلدىنلا بېكىتىپ كەتكەن (ئۆزگەرمەس) ھۆكۈمدۇر» (سۈرە ئەھزاب 38- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿الَّذِي لَهُ مُلْكُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَلَمْ يَتَّخِذْ وَلَدًا وَلَمْ يَكُنْ لَهُ شَرِيكٌ فِي الْمُلْكِ وَخَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا﴾ «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى الله قا خاستۇر، الله نىڭ بالىسى يوقتۇر، پادىشاھلىقتا شېرىكىمۇ يوقتۇر. الله ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە) ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى» (سۈرە فۇرقان 2- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك ياراتتۇق» (سۈرە قەمەر 49- ئايەت).

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «بەندە تەقدىرگە يەنى تەقدىرنىڭ ياخشىسى ۋە يامىنىنىڭ الله تەرەپتىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرمىگۈچە، ھەتتا ئۆزىگە كەلگەن ھادىسىنىڭ خاتا كېلىپ قالمىغانلىقىنى ۋە خاتا كېلىپ قالىدۇ دەپ ئويلىغان ھادىسىنىڭ شۇ بەندىگە ھەرگىزمۇ يولۇقمايدىغانلىقىنى بىلمىگۈچە مۆئمىن بولالمايدۇ» (ئەلبانىنىڭ «سەھىھ تىرمىزى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىندى).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنداق ئېتىقاد قىلىدۇكى، تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش پەقەت تۆت ئىش بىلەنلا تامام (پۈتۈن) بولىدۇ. بۇ ئىشلار «تەقدىر مەسىلىسىنىڭ دەرىجىلىرى» ياكى «رۇكۇنلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ رۇكۇنلار (ياكى دەرىجىلەر) تەقدىر مەسىلىسىنى چۈشىنىشنىڭ توغرا بولغان ئاساسى بولۇپ، تەقدىرگە بولغان ئىمان مۇشۇ رۇكۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ساغلام ھالەتتە ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ تامام (پۈتۈن) بولمايدۇ چۈنكى بۇ رۇكۇنلار بىر-بىرىنى تولۇقلىغۇچىدۇر ۋە بىر-بىرىگە چەمبەرچاس باغلىنىشلىقتۇر. كىمكى بۇ رۇكۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئىقرار قىلىدىكەن، ئۇ كىشىنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىمانى مۇكەممەللەشكەن بولىدۇ. كىمكى ئۇ رۇكۇنلاردىن بىرىنى كەم قويسا ياكى ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ كىشىنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىمانىدا مەسىلە كۆرۈلگەن بولىدۇ.

**بىرىنچى رۇكۇن (ياكى بىرىنچى دەرىجە): بىلىش**

بۇ دېگەنلىك — الله تعالى نىڭ ھەممە شەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، الله نىڭ بىلىشى — ئىلگىرى بولغان، كەلگۈسىدە بولىدىغان ۋە تېخى بولمىغان لېكىن بولسا قانداق ھالەتتە بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىي ۋە تەپسىلىي ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. ئاسمان-زېمىندىكى زەررە چاغلىق نەرسە الله نىڭ بىلىشىنىڭ سىرتىدا ئەمەستۇر.

الله مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ رىزىقلىرىنى، ئەجەللىرىنى، سۆزلىرىنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ۋە جىمجىتلىقلىرىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەختلىك ۋە بەختسىزلەرنى ئەزەلدىن بىلگەندۇر. الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ﴾ «الله ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر» (سۈرە تەۋبە 115- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

**ئىككىنچى رۇكۇن: يېزىپ قويۇش**

بۇ دېگەنلىك — الله تعالى نىڭ قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر بار بولغان مەۋجۇداتلارنىڭ مىقدار ۋە ئۆلچەملىرىنى يېزىپ قويغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ئۇ لەۋھۇلمەھپۇز بولسا پۈتۈن شەيئى ۋە ھادىسىلەر چالا قالدۇرۇلماستىن تەلتۆكۈس يېزىلغان كىتابتۇر. ئىلگىرى يۈز بەرگەن ۋە كەلگۈسىدە قىيامەت كۈنىگىچە يۈز بېرىدىغان بارلىق شەيئى ۋە ھادىسىلەر الله نىڭ دەرگاھىدىكى «ئۇممۇل كىتاب» (يەنى لەۋھۇلمەھپۇز)تا يېزىلغاندۇر.

لەۋھۇلمەھپۇز بولسا «زىكىر»، «ئىمام»، «كىتابۇ مۇبىن» ۋە «ئۇممۇل كىتاب» دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلَّ شَيْءٍ أَحْصَيْنَاهُ فِي إِمَامٍ مُبِينٍ﴾ «ھەممە شەيئىنى روشەن دەپتەردە (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) تولۇق خاتىرىلەپ قويغانمىز» (سۈرە ياسىن 12- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركىساندا)

## ھەدىس ئۈنچىلىرى

**عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَنْ رَسُولِ اللَّهِ ﷺ قَالَ: «يَتْبَعُ الْمَيِّتَ ثَلَاثَةٌ، أَهْلُهُ وَمَالُهُ وَعَمَلُهُ، فَيَرْجِعُ اثْنَانِ وَيَبْقَى وَاحِدٌ. يَرْجِعُ مَالُهُ وَأَهْلُهُ وَيَبْقَى عَمَلُهُ»** (متفق عليه).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەنەس رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېيىتقا ئۈچ نەرسە قەبرىگىچە ئەگىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ مېيىتنىڭ ئائىلىسى، مېلى ۋە ئەمەللىرى. بۇنىڭدىن ئىككىسى قايتىپ كېتىپ پەقەت بىرىلا قالىدۇ، يەنى ئەھلى ۋە مېلى قايتىپ كېتىدۇ، ئەملى قېلىپ قالىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

ئىنسان ئۆلگەندە ئۇنى ئۇزىتىدىغانلار كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن قەبرىستانلىققىچە بارىدۇ. ھاياتىي دۇنيا نېمىدېگەن غەلىتە، نېمىدېگەن رەزىل، نېمىدېگەن پەس، نېمىدېگەن ۋاپاسىز-ھە! سەن ئۆلگەندە سېنى دەپنە قىلىشقا ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، ئۇلار سېنى ئۆزىدىن يىراق بىر جايغا ئاپىرىپ كۆمۈپ قويىدۇ. بىراۋ سېنىڭ شۇ سۆيۈملۈك كىشىلىرىڭگە: «سىلەر بۇ جەسەتنى كۆممەي ئاراڭلاردا قالدۇرۇپ قويۇڭلار، مەن سىلەرگە كۆپ پۇل بېرەي» دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. دېمەك، سېنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىڭ ۋە سېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر سېنى ئۇزىتىپ توپىغا كۆمۈپ قويۇش ئىشىنى ئۆزلىرى بىۋاسىتە بېجىرىدۇ.

«مېلى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ» دېگەن سۆز قول ۋە چاكارلىرى بار كىشىگە قارىتىلغان بولۇپ، بۇلار ئۇ كىشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ئوخشاش قەبرىستانلىققا بىللە بېرىپ ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ يەنە بىرلىكتە قايتىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا پەقەت ئۇنىڭ ئەمىلىلا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر قەبرىسىدە ھەمراھ بولۇپ قالىدۇ. الله تىن سورايمىزكى، ئۇ بىزنىڭ ۋە سىلەرنىڭ ئەمىلىڭلارنى سالىھ قىلىپ بەرسۇن!

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، بۇ ھەدىستە شۇنىڭغا دەلىل باركى، ھاياتىي دۇنيانىڭ پۈتۈن زىبۇ-زىننەتلىرى ئىنساننىڭ قەبرىسىدە بىللە قالماستىن بىللە قايتىپ كېتىدىغانلىقى شۇڭا ئىنسان قايتىپ كېتىدىغان نەرسىلەرگە قارىغاندا ئۆزىگە ھەتتا قەبرىدىمۇ ھەمراھ بولۇپ تۇرىدىغان ئىش-ئەمەللىرىگە ۋە بۇ ئەمەللەرنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولۇشىغا قاتتىق ھېرىس بولۇشى كېرەكلىكى.

ئىككىنچى، ئىنسان تۇرمۇش ھەمراھى، پۇل-مال، ھوقۇق-مەنسەپ، نام-ئابرۇي، بالا-چاقا، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئەل-ئاغىنە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئاخىرەت ۋە قەبرىگە نىسبەتەن ۋاپاسىز بولغان ھاياتىي دۇنيا زىننەتلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كۇفرى-مەئسىيەت ۋە ئازغۇنلۇقلار ئىچىدە يۈرۈشى ئۇچىغا چىققان ئەقىلسىزلىق ۋە جاھالەت ئىكەنلىكى. گەرچە ئۇ كىشى پەن-تېخنىكىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بولغان تەقدىردىمۇ الله نىڭ نەزىرىدە بەربىر ئەقىلسىز ۋە جاھالەتچىدۇر شۇڭا پەقەت ياخشى ۋە سالىھ ئەمەللەرلا ئۇ كىشىگە ۋاپادار ھەمراھدۇر.

ئۈچىنچى، ئىنسان ئەنە شۇنداق سالىھ ئەمەللەردىن ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دائىم نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىپ، نەپسىنى سالىھ ئەمەللەرگە زورلىشى كېرەك ئىكەنلىكى.

## يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

يەتتىنچى، مۇشرىكلارنى ئۆلتۈرۈش — پەيغەمبىرىمىزنىڭ رەھمەت پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە زىت ئەمەسلىكى شۇنداقلا روھىي مەغلۇبىيەتچىلىككە مۇپتىلا بولغان بىر قىسىم زامانىۋى ئىسلامچىلارغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۈننىتىنى تىلغا ئېلىشتىن ھەمدە «تېررورچى» دەپ ئاتىلىپ قېلىشتىن نومۇس قىلماسلىقىمىز كېرەكلىكى.

سەككىزىنچى، غەنىيمەتكە ئوخشاش دۇنيا شەھۋىتى ئىنسان قەلبىگە كىرىپ قالغاندا پەيغەمبەر ياكى ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقىنى ھەر خىل مەنىگە بۇراپ ئاخىرەت ۋە دۇنيالىقتا زىيان تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى.

توققۇزىنچى، پەيغەمبەر ياكى ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىشنىڭ مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدىغانلىقى.

ئونىنچى، گۇناھ ياكى خاتالىقلارنىڭ ساھابىلەردىمۇ يۈز بېرىدىغانلىقى ئەمما ئۇلارنىڭ تەنبىھ ئاڭلىغاندىن كېيىن خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىپ تەۋبە قىلىدىغانلىقى. مانا بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، ساغلام مەنھەجدىكى بىر جىھادىي جامائەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنىڭ خاتالاشقانلىقى — شۇ جامائەتنىڭ مەنھەجىنىڭ خاتالىقىغا دەلىل بولالمايدۇ لېكىن بۇ جامائەت شۇ خاتالىقلارنى «خاتالىق» دەپ ئېتىراپ قىلىشى شەرتتۇر.

ئون بىرىنچى، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز (يەنى جامائەتچىلىك ئېڭى يوق) ياكى ساغلام مەنھەجسىز ۋە ياكى ئەمىرگە ئىتائەتسىز ھالدا جىھاد قىلىش مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولۇپلا قالماستىن بەلكى شۇ ئەمىر-مەسئۇللارنىڭ بەزىبىر مۇسىبەتلەرگە يولۇقۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى.

ئون ئىككىنچى، مۇسۇلمانلار، خۇسۇسەن مۇجاھىدلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇسىبىتى ھەققىدە تارقالغان ئۇسەك سۆزلەرگە ئالدىنىپ قېلىشتىن قاتتىق ھوشيار بولۇشلىرى كېرەكلىكى چۈنكى بۇمۇ مۇجاھىدلارنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى.

ئون ئۈچىنچى، ئەمىر، قوماندان ياكى مەسئۇللارنىڭ ھالقىلىق ۋە قىيىن پەيتلەردە روھىي چۈشۈپ كەتمەي سابىت قەدەم تۇرۇشى — قوشۇننىڭ مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈشكە ھەمدە مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ئىكەنلىكى.

ئون تۆتىنچى، قىيىنچىلىق پەيتتە چېكىنىش ياكى مۇستەھكەم تۇرۇشنى شۇ جەڭنىڭ ئەمىرى بەلگىلەيدىغانلىقى لېكىن بۇ ئەمىرنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك ئەلۋەتتە. چۈنكى، بۇنداق ئىشلار ئىجتىھادىي ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، بۇنداق ئىجتىھادىي ئىشلاردا پەقەت ئۇرۇشنىڭ ئەمىرى ياكى مەسئۇلىلا قارار چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە قۇرئان، ھەدىس ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىجماسى دەلىلدۇر («ئەقىدە تەھاۋىيە»نىڭ شەرھىسىگە قارالسۇن).

**الله نىڭ يولۋىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب رضي الله عنه نىڭ شەھىد قىلىنىشى**

ھەمزە رضي الله عنه نىڭ قاتىلى ۋەھشىي ئىبنى ھەرب بۇ ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ چاكىرى ئىدىم. جۇبەيرنىڭ تاغىسى تۇئەيمە ئىبنى ئەدى بەدر كۈنى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، قۇرەيش ئۇھۇد جېڭىگە ماڭغاندا جۇبەير ماڭا: <ئەگەر سەن ھەقىقەتەن تاغامنىڭ قىساسىنى ئېلىشىم ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ تاغىسى ھەمزىنى ئۆلتۈرەلىسەڭ، سەن شۇ ھامان ئازات بولىسەن> دېدى.

شۇنداق قىلىپ مەن كىشىلەر بىلەن بىرگە چىقتىم. مەن ئەسلى ھەبەشىستانلىق بولۇپ، نەيزە ئېتىپ تەگكۈزۈشتە ئۇستا مەرگەن ئىدىم. ئىككى قوشۇن ئۇچراشقاندا مەن چىقىپ ھەمزىنى قاتتىق كۆزىتىشكە باشلىدىم. مەن ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا خۇددى ئاق تۆگىدەك ھۆركىرەپ ئەتراپىدىكىلەرنى سۇر-توقاي قىلىپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى قەستلەش ئۈچۈن تەييارلىنىپ بىر دەرەخ ياكى تاشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ ئۇنىڭ ماڭا يېقىنلىشىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ ماڭا يېقىنلاشقاندا نەيزەمنى چەنلەپ ھەتتا ئۇنىڭغا توغرا كەلگەندە بىرلا كۈچەپ ئاتقاندىم، نەيزە ئۇنىڭ قورسىقىدىن كىرىپ چاتىرىقىدىن چىقتى. ئۇ مەن تەرەپكە يېقىنلىشىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. مەن ئۇنى ۋە نەيزەمنى ئۇ ئۆلگەنگە قەدەر شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ نەيزەمنى ئالدىم-دە، قۇرەيشنىڭ سېپىغا قايتىپ كېلىپ شۇ يەردە ئولتۇرۇۋالدىم چۈنكى مېنىڭ ھەمزىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئېھتىياجىم يوق ئىدى. مەن ئۇنى پەقەت ئازاد قىلىنىشىم ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگەن ئىدىم شۇڭا مەن مەككىگە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا ئازاد بولۇپ كەتتىم».

**يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان پايدىلار**

بىرىنچى، قوماندانىنىڭ ئۆز تۇغقانلىرىنى جەڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىشى — جامائەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئۈستۈن كۆتۈرىدىغان ۋە ئەزالارنىڭ ئۆز رەھبەرلىرىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ئامىللاردىن ئىكەنلىكى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

**ئى مۇسۇلمانلار، خاۋارىجلارنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆزۈڭلارغا يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ساقلىنىڭلار!**

ئى مۇسۇلمان قېرىندىشىم! شۇنى بىلگىنىكى، بىر كىشىنىڭ خاۋارىجلىقىغا ھۆكۈم قىلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭ خاۋارىج بولۇپ تۇغۇلۇشى شەرت ئەمەس. بەلكىم بىر كىشى بىر ئۆمۈر ئەھلى سۈننە بولۇپ ياشىغاندىن كېيىن، خاتا تەلىماتلارنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت

(ئاخىرى 3- بەتتە)





# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)



## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

**قىرغىز تاماقلىرى، چاقماقتىن كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقى، ئەپيۇن خۇمارلىرى ۋە ئاقبېلۇس**

قىرغىزلارنىڭ كۈندىلىك تاماقى دىئامېتىرى 30 سانتىمېتىر بولغان چەمبەر شەكىللىك نان، لوگەن (يەنى سېرىقماي)، قايماق، ئىستاچ (يەنى پىشلاق) ۋە سۈتلۈك چايغا تۇز كىرىستاللىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قارا چايدۇر. قارا چايدا تۇز كىرىستالىنىڭ مىقدارى قارا چاينىڭ ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 0.3%~0.6% نى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا مۇھىم مېھمانلىرىنى ئۆپكە-ھېسىپ، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى، شورپا، ئارىسىغا قايماق سېلىپ پىشۇرۇلغان قاتلىما ھەمدە سۈت ۋە گۈرۈچنى قاينىتىپ ئېتىلگەن سۈت ئېشى بىلەن مېھمان قىلىدۇ. قۇلايلىق يېمەكلىك سۈپىتىدە ئۇلار «بۇلساك» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك نان تەييارلىۋالىدۇ. ئۇن ياكى كۈندىلىك لازىمەتلىكلىرىگە بازار ياكى سودا ئورۇنلىرىدىكى توپ مال سودىگەرلىرى بىلەن سېرىقماي، قۇرۇت، يۇڭ ۋە كالا تېرىسىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يىلدا بىرەر قېتىم ئەتراپىدا يەرلىك ئىسمائىلىيلارنىڭ رەھبىرى ئاغاخاننىڭ ھەدىيە قىلىشى بىلەن ئاز مىقداردىكى ئۇنغا ئېرىشىدۇ. ياز ۋاقىتلىرى ئۇلار كىچىك ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدىغان چىغرى (chigri) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇرۇتۇلغان ئۇتنى ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇلار بەزى ۋاقىتلاردا قايماقتا قوناقنى ئېلىشتۇرۇپ يەيدۇ. قىش ۋە ياز كۈنلىرى بىر خىل كىچىك پىيازنى ئىستېمال قىلىدۇ («پىياز» قىرغىزچىمۇ «پىياز» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) بىراق بۇ يېمەكلىكلەر ئۇلارنىڭ ۋىتامىن C نى تولۇقلىشىغا ئاساسەن يەتمەيدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىز چاقماقتىن كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقى (بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4020 مېتىر)دىكى ئاقسۇ دەرياسىنىڭ 20 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر سۈيى سۈزۈك ئۆستىڭىنى كېسىپ، ئۇ ئۆستەڭنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئۆتتۇق. بىر قانچە يۈز مېتىر تۆۋەنلىكتە ئاقسۇ دەرياسى (بۇ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاقسۇ دەرياسى ئەمەس) بىر كۆلچەكنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ كۆلچەكتە سۇ دۇغلىشىپ كېتەتتى ۋە داۋاملىق تۆۋەن تەرەپكە ئاقاتتى. شەرقىي قىرغاقتىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4050 مېتىر بولغان بىر توسما شەكىللىك ئېگىزلىكتە بىز بىر تاشنى كۆردۇق. بۇ تاش چاقماقتىن (يەنى چاقماقتاش، «چاقماق — ئوت يېقىش ئەسۋابى، تىن — تاش» دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتىلاتتى. چاقماقتىن كۆلىنىڭ ئىسمى بۇ تاشنىڭ ئىسمى ئارقىلىق قويۇلغان ئىدى. بۇ كۆلنىڭ ئىسمىنى بەزىلەر «چىلاپ (Chilap)» دەپمۇ قويىدۇ بىراق «چىلاپ» كۆلىنىڭ ئىسمى ئەمەس بەلكى يېقىن ئەتراپتىكى بىر يەرنىڭ ئىسمىدۇر. كۆلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر قەدەر تۆۋەن. بۇ يەردىكى جىلغا ھەتتا ئاقسۇ دەرياسىدىنمۇ پاكار. يەرلىك قىرغىزلارنىڭ تۇرالغۇ رايونى ئاساسەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە، يەنى دەريانىڭ سول يېقىغا ئورۇنلاشقان. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قىش پەسلىدە دەريانىڭ شىمالىي يېقىدىكى رايونلارنىڭ قار مىقدارى دەريانىڭ جەنۇبىي يېقىدىكى رايونلارنىڭ قار مىقدارىدىن تۆۋەن بولىدۇ. تاغ ئۈزۈلىرى ئاندا-ساندا ئېگىز ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ قالىدىغان بىر چۆللۈكتىن ئىبارەت. بىز بۇ يەردە ئىلگىرى سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرى ئىشلەتكەن بوزۇيگۇمبەزگىچە داۋاملىشىدىغان تۆت چاقلىق ماشىنىلار ماڭالايدىغان بىر يولنى كۆردۇق.

بىز ئۇ كۈنى ئافغان پامىردىكى ئەڭ باي كىشى ئەپەندىبايىنىڭ تۇرالغۇسىدا تۇردۇق. ئەپەندىباي بولسا تارىياك (Taryak) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تەبىئىي ئەپيۇننى چېكىدىغان ۋە يامان نامى ھەممە يەرگە پۇر كەتكەن بىر بەڭگى بولۇپ، ئۇنىڭ كۈندىلىك چېكىدىغان ئەپيۇن مىقدارى 18 گرامدىن ئاشاتتى. ئادەتتە 180 گرام ئەپيۇنغا ئىككى تۇياق قوي ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ياۋروپادا چېكىلىدىغان خېروئىننىڭ خام ماتېرىيالىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئافغانىستاندىن ئېكسپورت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى كۈنى بىز ئاقبېلۇسنىڭ بوستانبوي (Bostan Boi) دېگەن يېرىدىكى بىر ئاقئۆينىڭ يېقىن ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇق.

**تۆت ئۆتۈشمىدىن ئۆتۈش – سارىقۇل كۆلى (Sari Kul) نىڭ يەنە «ۋىكتورىيە كۆلى» دېگەن نامىمۇ بار)**

تۇرالغۇمىزدا ئىككى كۈنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىز ئاقبېلۇس ئۆتۈشمىسى، ۋارم ئۆتۈشمىسى ۋە قارا (Kara) ئۆتۈشمىسىدىن ئۆتۈپ غەربىي شىمال تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4950 مېتىر بولغان شوۋېر (Shower) ئۆتۈشمىسىگە كەلگەندە شىمالغا بۇرۇلۇپ، بەشىنچى كۈنى سارىقۇل كۆلى (يەنى سېرىقكۆل) نىڭ غەربىي قىرغىقىغا كەلدۇق. بۇ كۆل يەنە زور (يەنى چوڭ) كۆل دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4100 مېتىر بولغان كۆل سۈيىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا سۈيى سىڭگۈنتىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە غەربكە ئاقىدىغان 100 مېتىر كەڭلىكتىكى بىر سۈيى سۈزۈك ئېقىننى كۆردۇق. كۆلنىڭ شىمالىي يېقىدىكى تاجىكىستان تېررىتورىيىسى بۇ كۆلگە نىسبەتەن توسمىغا ئوخشايدىغان ئېگىزلىكلەرنى شەكىللەندۈرەتتى. سۇ ئاز بولىدىغان مەزگىللەردە كالىلار بۇ ئېقىندىن ئۆتىدىكەن.

بىز ۋاخان تاغ تىزمىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى 3~4 كىلومېتىرغا سوزۇلغان تاغ تۆۋىدە شەرققە قاراپ ماڭدۇق. بۇ تاغ ئېتەكلىرى سىياھ بىلىقى رەڭگىدە كۆرۈنەتتى. بۇ تاغلارنىڭ تۈمشۇقلىرى كۆل ئىچىگە بىر قانچە كىلومېتىر كىرىپ كېتەتتى. تاغ باغرىنىڭ ئۈتتۈرا قىسمىدا بىر پاكار تومسىسمان تۈزلەڭلىك كۆل ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. بىز بۇ يەردە چوڭ پامىردىكى قىرغىزلارنىڭ يازلىق تۇرالغۇسىنى كۆردۇق. بۇ يەردە 12 دىن كۆپرەك ئائىلىلەر بار ئىدى ھەممە يۈزىدىن ئارتۇقراق كالىلاردىن تۈزۈلگەن چارۋىلار ئوتلاۋاتاتتى. ئوتلاق كۆل يۈزىدىن 100 مېتىر ئەتراپىدا ئېگىز ۋە تاغ باغرىغا 2~3 كىلومېتىر ئەتراپىدا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. قىش پەسلىدە كالىلار كۆلنىڭ قىرغاقلىرىغىچە تۆۋەنلەيدىكەن.

7- ئاينىڭ 19- كۈنى بىز كۆلنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 18 كىلومېتىر بولغان، دېڭىز يۈزىدىن 4150 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئەڭ شەرقىي قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق. يەر شارى ئورۇن بەلگىلەش سىستېمىسى (يەنى GPS)نىڭ كۆرسەتكەن سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قىرغاقنىڭ كوئوردېناتى شەرقىي ئۇزۇنلۇق 26′°37، شىمالىي كەڭلىك 42′°73 ئىدى. بۇ قىرغاقنىڭ شەرق تەرىپى تاجىكىستان بولۇپ، ئازراق ئېگىز بولغان بىر تۆپىلىكتە ئارقارلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئارىسىغا تىكلەپ قويۇلغان بىر تاش مۇنار بۇ يەرنىڭ ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. كۆلنىڭ غەرب تەرىپىدە ئاقىدىغان پامىر دەرياسىمۇ بۇ ئىككى دۆلەتنى ئايرىپ تۇراتتى. چوڭ پامىردىكى قىرغىزلار ھەر يىلىنىڭ ماي ئايلىرىدا كۆلنىڭ غەربىي قىرغىقىدىن بىر يېرىم كۈنلۈك مۇساپە بولغان تاجىكىستانغا تەۋە خەرگۇش (Khargush) دېگەن يەرگە چۈشۈپ ئاغاخان تارقاتقان ئۇن قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئېلىپ چىقىشاتتى. ماي ئايلىرىدا پامىر دەرياسىدىن ئۆتۈش ئاسان بولىدۇ.

قايتىشىمىزدا بىز كۆلنىڭ جەنۇبىي يېقىدىكى بىر يولدا ماڭدۇق. ۋاخان تاغ تىزمىلىرى كۆل يۈزىدىن 1000 مېتىردىن ئارتۇقراق ئېگىز ئىدى. غەرب تەرەپتە بىر مۇزلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كىچىك تۆپىلىكلەر كۆپ بولغان شىمال تەرەپتىكى تاجىكىستان تەرەپ بىر قانچە يۈز مېتىر تۆۋەن ئىدى. تاغنىڭ شىمالىي يانباغرى بىر ئاز تار بولۇپ، يېشىل يەرلەر بىر ئاز كىچىك كۆرۈنەتتى. بۇ يەرلەردە ئات-كالىلار كۆرۈنمەيتتى. كۆل ساھىلىدا بىر يول بار ئىدى. بۇ يەردە تاغ تۈمشۇقلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى دەرياغا سوزۇلۇپ كىرىپ بىرەر كىلومېتىرلىق قاناللارنى شەكىللەندۈرەتتى.

7- ئاينىڭ 21- كۈنى بىز چۆللۈك ۋە دەل-دەرەخسىز بىر تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 4300 مېتىر بولغان شوۋېر جىلغىسىدىكى يەنە بىر دەل-دەرەخسىز تۈزلەڭلىككە ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەردە قىشلىق چارۋىچىلىق تۇرالغۇلىرىدا قېلىپ قالغان كىشىلەر بار ئىدى. 2000- يىلى يازدا، قار سەۋەبىدىن بۇ يەرنىڭ كېچىلىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ نۆلدىن تۆۋەن 15 سېلسىيە گرادۇسقا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم. بۇ قېتىم بۇ يەرنىڭ كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 13 سېلسىيە گرادۇس، كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 3 سېلسىيە گرادۇس بولدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



(چاقماقتىن كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقى)

(بېشى 2- بەتتە)

قاتارلىق ئامىللار سەۋەبلىك ئەھلى سۈننە يولىدىن چەتنەپ خاۋارىج ياكى مۇرجىئىگە ئۆزگىرىپ، بىلىپ-بىلمەي شۇلارنىڭ ئەخلاق ۋە سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. بۇ توغرىلىق ئىمام بۇخارى نەقىل قىلغان سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق تۇغۇلغۇچى فىترەت (يەنى تەبىئىي يارىلىش) ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ، (تىرمىزىنىڭ ھەدىسىدە: <ئىسلام ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ> دېيىلگەن) ئاندىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى يەھۇدىي ياكى ناسارا ۋە ياكى مەجۇسى قىلىپ تەربىيىلەيدۇ».

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «جېنىم قولىدا بولغان زات الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلىپ كېلىپ (جەننەتكە) بىر گەز قالغاندا دوزاخ ئەھلىنىڭ ئەملىنى قىلىدۇ-دە، دوزاخقا كىرىپ كېتىدۇ...» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

يۇقىرىقى يەككە شەخسنىڭ مىسالىغا ئوخشاش، جامائەت ۋە تەشكىلاتلارمۇ دەسلەپتە ئەھلى سۈننە بولۇپ قۇرۇلىدۇ، كېيىن جامائەت يېتەكچىلىرىنىڭ سەل قارىشى، ئۆزلىرىنى قايتا-قايتا تەكشۈرۈپ تۇرماسلىقى ۋە ئۆزلىرىنى سەممىي باھالاپ چىقماسلىقى سەۋەبىدىن مەنھەجدىن چەتنەيدۇ، ئاندىن كېيىن زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل چەتنەشتىن ئىبارەت يېرىق بارا-بارا كېڭىيىپ يامغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇ-دە، ئاخىرىدا چەكتىن ئاشقۇچى خاۋارىج ياكى سەل قارىغۇچى مۇرجىئە جامائەتتىگە ئايلىنىدۇ.

خاۋارىجلار — پەقەت ئۆتمۈشتىلا مەۋجۇت بولغان تارىخىي ھادىسە بولماستىن بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئاشقۇنلۇقى ۋە بەدئەخلاقى بىلەن ھەر ئەسىردە يېڭى-يېڭى چىقىپ تۇرىدىغان، ھەتتا دەججال بىلەن چىققان زامانىدىمۇ شۇ دەججال بىلەن بىرلىكتە مۆئمىنلەرگە قارشى جەڭ قىلىدىغان تائىپە بولۇپ، ھەر قاچان ئۇلاردىن بىر تائىپە يوقالسا ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر تائىپە چىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قۇرئان ئوقۇسا گاللىرىدىن ئۆتمەيدىغان شۇنداق بىر ئەۋلاد مەيدانغا كېلىدۇكى، ھەر قاچان ئۇلاردىن بىر تائىپە چىقسا چېپىپ تاشلىنىدۇ». ئىبنى ئۆمەر رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: <ھەر قاچان ئۇلاردىن بىر تائىپە چىقسا يىگىرمە قېتىمدىن كۆپرەك چېپىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا دەججالمۇ ئۇلار تەرەپتە مەيدانغا كېلىدۇ>» («سەھىھ ئىبنى ماجە» 174- ھەدىس).

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى خاۋارىجلار) دائىم چىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى دەججال بىلەن بىرگە چىقىدۇ» («مەجمەئۇز زەۋائىد» 6- توم 231- بەت). ئىبنى تەيمىيە رحمه الله ئۆزىنىڭ پەتىۋا توپلىمىنىڭ 28- توم 495- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەدىستە خاۋارىجلارنىڭ دەججالنىڭ زامانىسىغىچە چىقىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئەلى رضي الله عنه نىڭ زامانىغا خاس ئەمەسلىكىگە بىرلىككە كەلگەن (دېمەك، <ئەلى رضي الله عنه نىڭ زامانىغا خاس> دېگۈچىلەر — مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن قارىشىدىن چىقىپ كەتكۈچى، ئازغۇن، بىدئەتچى ھېسابلىنىدۇ)، شۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر بۇ ھەدىسنى <ئومۇمىي ھەدىس> دەپ قارايتتى».

رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە بىر بۆلەك سەلەف سالىھلار مۇسۇلمانلارنى خاۋارىجلارنىڭ رەزىللىكى ۋە زىيانكەشلىكىدىن دائىم ئاگاھلاندۇرۇپ كەلگەن. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ: «خاۋارىجلار دوزاخنىڭ ئىتلىرىدۇر (يەنە بىر ھەدىستە: <دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىتلىرىدۇر> دەپ كەلگەن)» («سەھىھ ئىبنى ماجە» 173- ھەدىس).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)